# كىمكى ماڭا كىشىلەردىن بىر نەرسە سورىماسلىققا كاپالەت بەرسە، مەن ئۇنىڭغا جەننەت بىلەن كاپالەت بېرىمەن

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى: «كىمكى ماڭا كىشىلەردىن بىر نەرسە سورىماسلىققا كاپالەت بەرسە، مەن ئۇنىڭغا جەننەت بىلەن كاپالەت بېرىمەن» دېدى، مەن -دېدىم: مەن: يەنى سەۋبان ھەقىقەتەن كىشىلەردىن بىرنەرسە سورىمايتتى
سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىبنى ماجە"سۈنەن ئىبنى ماجە"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان -] نىسائىي"سۈنەن نىسائىي"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

ھەدىسنىڭ مەنىسى: كىمكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كىشىلەردىن بىر نەرسە سورىماسلىق، ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن تۇرمۇش ئىشلىرىدا باشقىلاردىن ياردەم تىلىمەسلىككە ۋەدە بەرسە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە جەننەت بىلەن كاپالەت بەردى، چۈنكى مەخلۇقتىن بىر نەرسە سوراشنى تاشلاش بىلەن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىدۇ، بۇ شۇ ئىنسانىنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىشەنچىسى ۋە ئۈمىدىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر، ئۇنىڭ مۇكاپاتى بولسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزىشىدۇر، سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ ھەدىسنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كىشىلەردىن بىر نەرسە سورىماسلىققا ۋەدە بەرگەن، ھەتتا "ئىبنى ماجە"دە سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كەلگەن بىر ھەدىستە: «سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلاغقا مىنگەن ۋاقتىدا قامچىسى يەرگە چۈشۈپ كەتسە، ھېچ كىشىگە قامچامنى ئېلىۋەتكىن دېمەستىن، ئۆزى ئۇلاغدىن چۈشۈپ ئالاتتى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4189

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee